# چىن ھېسسىياتى، چىن قەلبى بىلەن ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش

## —— باغراش ناھىيەسى باغراش بازىرى ئىتتىپاق مەھەللىسىنىڭ 1 ـ شۇجىسى، پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى سېرجىما توغرىسىدا

ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

يېنىمىزدىكى ئۈلگىلەر

□مۇخبىرىمىز دۇ جيەنخۇي

«پارتىيە ئەزالىرى ئۆزى ئۈلگە بولۇشى، مەڭگۈ ئاممىنىڭ ئالدىدا مېڭىشى، ياخشى باشلامچى بولۇشى كېرەك.» بۇ باغراش ناھىيەسى باغراش بازىرى ئىتتىپاق مەھەللىسىنىڭ 1 ـ شۇجىسى، پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى سېرجىما دائىم ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بىر جۈملە سۆز. ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشكەندە، ئۇ خاتىرە دەپتىرىگە كىمنىڭ بالىسى ئۆيىدە يوق، كىمنىڭ ئۆيىدە چوڭلار ئاغرىپ قالدى، كىمنىڭ ئۆيىدە قىيىنچىلىق كۆرۈلدى قاتارلىق شۇ كۈنى مەھەللىدە يۈزبەرگەن چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنى خاتىرىلەيدۇ.

چىن ھېسسىياتى، چىن قەلبى بىلەن ئاممىغا مۇلازىمەت قىلغاچقا، سېرجىما ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى شەخس، ئاپتونوم رايون بويىچە 8 ـ مارت قىزىل بايراقدارى قاتارلىق شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشتى.

### ■ ئاممىغا ھەقىقىي ھېسسىياتى بىلەن مۇلازىمەت قىلىش

6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، سېرجىما مەھەللە كادىرلىرىنى تەشكىللەپ ئەتىگەنلىك يىغىن ئېچىپ، بىر كۈنلۈك خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.

شۇ كۈنى، ئامما ئىنكاس قىلغان گۈللۈكنى سۇغىرىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىگە قارىتا، سېرجىما خوجىلىق ئورنى بىلەن ئالاقىلىشىپ، سۇ چىقىرىش ئېغىزىدىن بىرنى ئارتۇق ئۇلاپ، سۇ تۇرۇبىلىرىنى يېڭىدىن كۆپەيتىپ، ئاھالىلەرنىڭ گۈل ـ گىياھلىرىنى سۇغىرىشقا قولايلىق يارىتىپ بەردى. يايمىچىلارنىڭ يول ئىگىلەپ تىجارەت قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇ يەنە يايمىچىلارغا ئىدىيەۋى خىزمەت ئىشلىگىلى باردى...

سېرجىما ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىككى مەھەللىدە خىزمەت قىلغان، ھازىر ئۇ خىزمەت قىلىۋاتقان ئىتتىپاق مەھەللىسىنىڭ ئاھالىلىرى كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن موڭغۇل، كىچىكىمدىن تارتىپلا خەنزۇ، ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتتىن بولغان كىچىك ھەمراھلار بىلەن بىللە چوڭ بولغان، بىز ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشتۇق.» سېرجىمانىڭ تەشەببۇسى بىلەن، ئىتتىپاق مەھەللىسى قوشنىلار بىلەن قوشماقلىشىپ تۇغقان بولۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، قوشماقلاشقان تۇغقانلار ئارا ھېيت ـ بايرامدا چوقۇم يوقلىشىدىغان، قىيىنچىلىقتا يولۇققاندا چوقۇم ياردەم بېرىدىغان ئىتتىپاقلىق كەيپىياتىنى شەكىللەندۈردى. ھەر قېتىم ھېيت ـ بايرامنى تەبرىكلىگەندە، تۇغقانلاشقان قوشنىلار ئارا ئۆزئارا يوقلىشىپ، ئۆزئارا تىل ئۆگىنىپ، ئۆزئارا بەخت تىلىشىپ، ھەر مىللەت قوشنىلار ئارا ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، ئارىلىشىشنى ئىلگىرى سۈردى. سېرجىمانىڭ قوشماقلاشقان تۇغقىنى لى شۇيې باش بارمىقىنى چىقىرىپ مۇنداق دېدى: «مەن يالغۇز تۇرىمەن، ھازىر ياشىنىپ قالدىم، پۇتۇمۇ ياخشى ئەمەس، بالىلىرىم يېنىمدا يوق، ئۇ مېنىڭ قىزىم، قىيىنچىلىققا يولۇقۇپ ئۇنىڭغا تېلېفون قىلسام، ئۇ ھەمىشە دەرھال يېتىپ كېلىدۇ».

ھازىرغىچە، ئىتتىپاق مەھەللىسىدىكى قوشنىلار ئارىسىدا قوشماقلىشىپ تۇغقان بولغان ئائىلە جەمئىي 627 جۈپ بولۇپ، ھەربىر بىناغا «قوشنىلار تۇغقانلىشىش تەبەسسۇم تېمى» تەسىس قىلىنغان، ھەر پەسىلدە مەھەللىدە «قوشنىلار تۇغقانلىشىپ ئۆزئارا ياردەملەشكەنلەرنى سايلاش» پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ.

### ■ ئۈلگىنىڭ كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش

«پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكى ۋە سەممىي غەمخورلۇقىدا، بىز پۇقرالارنىڭ ئولتۇرىدىغان بىنا ئۆيىمىز، ھەيدەيدىغان ئاپتوموبىلىمىز بار بولدى، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولالايمىز، كۈنلىرىمىز بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ، ناھايىتى بەختلىك ئۆتۈۋاتىمىز...» دېدى مەھەللە ئاھالىسى ئەخەت روزى. شۇڭا ئۇ دۈشەنبە كۈنى دۆلەت بايرىقى چىقىرىشتىن كېيىن، تەشەببۇسكارلىق بىلەن سېرجىمانى ئىزدەپ تېپىپ، تەشۋىقاتچى بولۇش ئارزۇسىنى ئېيتتى.

«بىز مىكروفوننى ئاممىغا تاپشۇرۇپ، ئاممىغا ئۆز قەلبىدىكى گەپلەرنى دېگۈزۈپ، دۆلەت بايرىقى چىقىرىشتىن كېيىنكى چوڭ تەشۋىقات سۇپىسىنى ئىدېئولوگىيە ساھەسىنى مەنبەدىن ساپلاشتۇرۇش بازىسىغا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.» سېرجىمانىڭ سۆزلىرى ئەخەتكە قىزغىن ئىلھام ۋە مەدەت بەردى.

ئىلغار نەمۇنىچىلار ئاممىنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى، ئاممىنىڭ يېنىدىكى ئىلغار نەمۇنىچىلار ئاممىنى تېخىمۇ يېتەكلەش رولىغا ئىگە. سېرجىما تەۋەلىك رايوندىكى «ئەڭ گۈزەل ئانا» «ئەڭ گۈزەل كېلىن» «ئەڭ گۈزەل ئىگىلىك تىكلىگەن ئايال» قاتارلىق تىپىك شەخسلەرنى باھالاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى، ئۇ: «بىز يېنىمىزدىكى ئۈلگىلەرگە يېنىمىزدىكى ئاممىنى يېتەكلەتكۈزۈشىمىز كېرەك» دېدى.

تەۋەلىك رايوندىكى قابىلىيەتلىك ھەم مەھەللە ئىشلىرىغا جان كۆيدۈرىدىغان بىر تۈركۈم پېشقەدەم يولداشلار، پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرى سېرجىما تەرىپىدىن بىر ـ بىرلەپ تەكلىپ قىلىنىپ، مەھەللىنىڭ خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشىدىكى كۈچلۈك ياردەمچىگە ئايلىنىپ، مەھەللە پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى بولۇپ قۇرۇلدى. ئۇ يەنە مەھەللىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر ئاچا ـ سىڭىللارنى تەشكىللەپ، باغراش ناھىيەسىدىكى تۇنجى مەھەللە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويۇن قويۇش ئەترىتى —— گۈلى ئۇسسۇل ئەترىتىنى تەشكىللەپ قۇردى؛ خەتتاتلىققا ئىنتايىن قىزىقىدىغان پېنسىيەگە چىققان كادىرلارنى تەشكىللەپ «پاكلىق خەتتاتلىق ئۆمىكى»نى قۇردى؛ ھەر تەرەپلىمە قابىلىيەتلىك ئاممىنى تەشكىللەپ، «كەچكى شەپەق نەغمىسى ئەلنەغمە ئۆمىكى» ۋە «مەيدان ئۇسسۇلى ئەترىتى» قۇرۇپ، نۇرغۇن ئاممىنى ئۇنىڭغا قاتنىشىشقا جەلپ قىلىپ، كۆپچىلىكنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتتى.

### ■ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىنى پۇختىلاش

مەھەللە پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، سېرجىما مەھەللە «ئىككى كومىتېت»نىڭ تۈرلۈك خىزمەت تۈزۈملىرىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن قول سېلىپ، تۈزۈم ئارقىلىق ئادەم ۋە ئىش باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە ئاساسلىنىدىغان بەلگىلىمە، ئەمەل قىلىدىغان قائىدە بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. پارتىيە باش ياچېيكا شۇجىسىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تەشكىلىي تۇرمۇشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، باشلامچىلىق بىلەن پارتىيە دەرسى ئۆتۈپ، «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەھەللە كادىرلىرىنىڭ نېمە قىلىش، قانداق قىلىش مەسىلىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىپ، كادىرلارنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قوزغىتىپ، پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى، مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچى، رەھبەرلىك قىلىش كۈچى، ئىجرا قىلىش كۈچىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇردى.

«ئاممىۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشتە ھەم چىن ھېسسىيات، ھەم چىن قەلب بولۇش، ھەقىقىي ئۈنۈملۈك يول ئارقىلىق كۆپرەك ئىش قىلىش، ئەمەلىي ئىش قىلىش كېرەك. تەۋەلىك رايوندىكى ئاھالىلەرنىڭ نەزەرىدىكى جىددىي ئىشلار ياخشى ھەل قىلىنسا، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ ھېسسىياتى چوڭقۇرلاشسا، كۆپچىلىك ئاندىن سىزگە ئىشىنىدۇ، ئاندىن سىزگە ئەگىشىپ يەڭنى تۈرۈپ غەيرەت بىلەن ئىشلەشنى خالايدۇ» دېدى سېرجىما.

«پەقەت ئاممىۋى خىزمەتنى پۇختا ئىشلىگەندە، چوڭقۇر ئىشلىگەندە، ئىنچىكە ئىشلىگەندە، تولۇق ئىشلىگەندە، ئاندىن ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، پارتىيە باش ياچېيكىسىنى ھەقىقىي مۇستەھكەم جەڭگىۋار قورغانغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.» ئاپتونوم رايوننىڭ توققۇز تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەريانىدا، سېرجىما مەھەللە كادىرلىرى ھەم ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن باشلاپ تەكشۈرۈپ، ئۆلچەم بويىچە قاتتىق ئىلغاپ تەكشۈرۈپ، مۇناسىۋەت ئائىلىسى بولۇشنى قەتئىي توسىدى.

مەھەللىدىكى خىزمەتچى خادىم سۇ خېياۋ تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن مۇنداق دېدى: «سېرجىما شۇجى ۋە باشقا پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ ئۆگىتىشى، ياردەم بېرىشى، يېتەكلىشى بولغاچقا، مېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشكە تولۇق ئىشەنچىم بار!»

گۈزەل يۇرت ـ ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن زور بەخت مۇجەسسەملىنىدۇ، دۆلەتنىڭ بېيىپ قۇدرەت تېپىشىدا پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز

□قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق كەسپىي تېخنىكا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئارزىگۈل مەمەت

بىر تال مەشۇتتىن يىپ چىقماس، يالغۇز دەرەخ ئورمان بولماس. ۋەتىنىمىزنىڭ تەرەققىياتى 56 مىللەتنىڭ ماس تەرەققىياتىدۇر؛ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش 56 مىللەتنىڭ پۈتۈن گەۋدە بويىچە ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشىدۇر؛ جۇڭگونىڭ بېيىپ قۇدرەت تېپىشى 56 مىللەتنىڭ ئورتاق بېيىپ قۇدرەت تېپىشىدۇر.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جان تومۇرى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ھەر مىللەت ئامما، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئادەم بىلەن ئادەم ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىق. كىشى قەلبىنى ئۇتالمىغاندا، ئىتتىپاقلىقنىمۇ ياخشى قىلغىلى بولمايدۇ.

مېنىڭ دادام پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى. ئېسىمدە قېلىشىچە كىچىك ۋاقتىمدا، ئائىلىمىز ئولتۇراقلاشقان مەھەللىگە سىرتتىن كۆپلىگەن ئىشلەمچى خادىملار كەلگەن بولۇپ، تومۇزدا ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىپ كېتەتتى، ئانام ئۇلارنىڭ جاپالىق ئەمگەك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇلارغا قوغۇن ـ تاۋۇز تىلىپ، چاي دەملەپ، تاماق ئېتىپ بېرەتتى. ئەينى ۋاقىتتا يېشىم كىچىك بولغاچقا مەن قىزىقىپ: «ئانا، ئۇلار بىزنىڭ ئۆيىمىزنىڭ ئىشىنى قىلغىلى كەلمىسە، سىز نېمە دەپ ئۇلارغا بۇنداق قىزغىن مۇئامىلە قىلىسىز؟» دەپ سورايتتىم. ئانامنىڭ جاۋابى قەلبىمگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەندى، ئانام: «ئۇلار يۇرتىدىن ئايرىلىپ، بۇ يەرگە كېلىپ جاپالىق ئەمگەك قىلىپ شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈۋاتىدۇ، بىز قىزغىن مۇئامىلە قىلىپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇلار بىلەن بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇشىمىز كېرەك» دېگەنىدى. ھازىر ئويلاپ باقسام، گەرچە بۇ بىر ئاددىي سۆز بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىدىيەسى گەۋدىلەنگەن، يەنە كېلىپ ئاللىقاچان بىزنىڭ قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا يىلتىز تارتقان، بىز داۋاملىق تىرىشىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى يېزىشىمىز كېرەك.

پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقى، تەربىيەسىدە ئاتا ـ ئانام ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىمنىڭ سەممىي تەلىمىدە مەن ئۆسۈپ يېتىلىپ بىر خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولدۇم ھەم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىردىم. مېنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىمدا، مەن يۇرتۇمنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلانغانلىقىغا گۇۋاھ بولدۇم، جۇڭخۇا مىللىتى بۈيۈك ئائىلىسىدە ياشىغانلىقىمدىن چەكسىز پەخىرلىنىمەن، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىمدىن چەكسىز بەخت ھېس قىلىمەن. بىزنىڭ مەكتەپنىڭ كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچىلىرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن كەلگەن، مەن ئوقۇغۇچىلىرىمغا مىننەتدارلىق تەربىيەسى بەرگىنىمدە، ھەمىشە ئەتراپىمدا يۈزبەرگەن ئەمەلىي مىساللاردىن پايدىلىنىپ، بىزنىڭ ھازىرقى بەختلىك تۇرمۇشىمىزنىڭ ئاسان قولغا كەلمىگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىمەن: بىزنىڭ گۈزەل مەكتىپىمىزنى كۆرۈپ بېقىڭلار، سىنىپىمىزدىكى ئىلغار ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىنى كۆرۈپ بېقىڭلار؛ يېزىلاردىكى رەتلىك سېلىنغان ئەمىن ئۆيلەرنى كۆرۈپ بېقىڭلار، نۇرغۇنلىغان دېھقان ـ چارۋىچى «سوقما تاملىق ئۆي»، كېسەك ئۆيلەر بىلەن خوشلىشىپ، كەڭ ـ ئازادە، يورۇق، پاكىز، مۇستەھكەم يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى؛ ئاغرىپ قالغاندا يەنە خاتىرجەم ھالدا چوڭ دوختۇرخانىلارغا بېرىپ كېسەل كۆرسىتەلەيدۇ. بۇنىڭ ھەممىسىنى سۆيۈملۈك پارتىيە بىزگە بەرگەن، بىز ھەر ۋاقىت پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىمىز، ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىمىز كېرەك. مەن ئوقۇغۇچىلارغا ئەڭ كۆپ دەيدىغان بىر جۈملە سۆز: «ئاسمان چوڭ، زېمىن كەڭرى بولسىمۇ پارتىيەنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىگە يەتمەيدۇ.» ئوقۇغۇچىلار بەس ـ بەستە تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئوقۇتقۇچى ۋە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايدىغانلىقىنى، پارتىيە ۋە ۋەتەننىڭ شەپقىتىگە جاۋاب قايتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

بىر خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ئەمەلىي خىزمىتىمگە بىرلەشتۈرۈپ، زور كۈچ بىلەن پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى، جۇڭخۇا مىللىتىنى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى قەلبىدىن ئېتىراپ قىلىشىنى كۈچەيتىمەن. زور كۈچ بىلەن مىننەتدارلىق تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز، ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز، سوتسىيالىزمغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ئۇنى قوللىغان بارلىق كىشىلەرگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز. تەشۋىقات ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، مەكتەپنىڭ تەربىيەلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار تىپلارنىڭ يېتەكچىلىك، تۈرتكىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى كەڭ ئەۋج ئالدۇرىمىز.

ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

# چۈشىنىپ ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەش ئاچقۇچ

## —— «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا، ياخشى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا يۈرۈشلۈك ئوبزور

[مۇھەررىر ئىلاۋىسى] «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى پۈتۈن پارتىيەدە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلماقتا. قانداق قىلغاندا شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ؟ بۈگۈندىن باشلاپ گېزىتىمىزدە «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا، ياخشى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا يۈرۈشلۈك ئوبزور بېرىلىپ، ئۆگىنىش ـ تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، زىچ بىرلەشتۈرۈش، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەش قاتارلىق بىرقانچە جەھەتتىن باھا بېرىلىدۇ، ئوقۇرمەنلەر دىققەتتىكى ئىستونىمىزدا بولسۇن.

تيانشان مۇلاھىزىسى

□شېن ياپىڭ

ئىزدىنىش قانچە چوڭقۇرلاشقانسېرى بىلىش شۇنچە كۆپىيىدۇ —— نەزەرىيە ئۆگىنىشمۇ شۇنداق. قولنىڭ ئۇچىدىلا ئىش قىلغاندا، نەتىجىسى ياخشى بولماي، شەكىل ئۈچۈنلا بولۇپ قېلىپ، ئۈنۈمى كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ. پەقەت چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئىنچىكە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە سېلىشتۇرۇپ، سەممىي يولغا قويغاندىلا، ئاندىن روھنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا بېرىپ، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. دەل شۇنداق بولغاچقا، ھەقىقىي تۈردە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چۈشىنىپ ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەش «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى ياخشى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى.

ئىدىيە ھەرىكەتنىڭ يول باشلىغۇچىسى، نەزەرىيە ئەمەلىيەتنىڭ يول كۆرسەتكۈچىسى. يەنئەن ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىدىن باشلاپ، پارتىيەمىز تارىخىدىكى ھەر قېتىملىق مەركەزلىك تەربىيە پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئىدىيەۋى تەربىيەنى باشلىنىش قىلغان. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە كىردى، ئۇلۇغ كۈرەش ئېلىپ بېرىش، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش قىلىش، ئۇلۇغ ئىشنى ئالغا سىلجىتىش، ئۇلۇغ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا جەزمەن ئۇلۇغ ئىدىيەنى يېتەكچى قىلىش كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتا، ئىدىيە بىلەن پارتىيە قۇرۇش، نەزەرىيە بىلەن پارتىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش، قوللىنىشنى تۇتاشتۇرۇشتا، بىلىش، ئىشىنىش ۋە ئىشلىتىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق ئۆگىنىشى، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ ئۆگىنىشى، ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئۆگىنىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.» بۇ ھەم نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى كۈچەيتىشنىڭ كونكرېت تەلىپى شۇنداقلا مېتودولوگىيە. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار ئۆگىنىش ـ تەربىيەنى باش تېما تەربىيەسىگە باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇپ، ئاڭلىق ھالدا چۈشىنىپ ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا، قەلبلەرگە سىڭدۈرۈشكە، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئېتىقاد ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، مەنىۋى كالتسىينى يېتەرلىك تولۇقلاپ، ئىدىيەدىن ئىبارەت بۇ رولنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك.

ئېقىن سۇ نېمە ئۈچۈن شۇنچە سۈزۈك بولىدۇ، قۇرۇپ كەتمەيدىغان مەنبەدىن ئۈزۈلمەي سۇ كېلىپ تۇرغاچقا. چۈشىنىپ ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشتە، ئالدى بىلەن ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق ھالدا ئەسلى ئەسەرنى ئوقۇش، ئەسلى تېكىستنى ئۆگىنىش، قانۇنىيىتىنى چۈشىنىش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى باش تېمىسى روشەن، مەزمۇنى مول، ئىدىيەۋىلىكى چوڭقۇر، نەزەر دائىرىسى كەڭ بولغان بىر مۇكەممەل ئىلمىي نەزەرىيە سىستېمىسى بولۇپ، ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق، ھەقىقىي ئۆگەنگەندە، روھىي ماھىيىتى، ماھىيەتلىك مۇھىم مەزمۇنىنى ئومۇميۈزلۈك چۈشەنگىلى ۋە توغرا ئىگىلىگىلى بولىدۇ. باش تېما تەربىيەسىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇرغۇن ئورۇنلار زۆرۈر ئوقۇشقا تېگىشلىك مۇندەرىجىلەرنى تۈزۈپ چىقىش، كىتاب ئوقۇش سىنىپى ئېچىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنى ئەينەن، ئەستايىدىل، قايتا ـ قايتا ئەسلى ئەسەرنى ئوقۇش، ئەسلى تېكىستنى ئۆگىنىش، قانۇنىيىتىنى چۈشىنىشكە تەشكىللىدى، بۇ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى بولۇپ، يەنە باش تېما تەربىيەسىنى ياخشى قانات يايدۇرۇشقا پۇختا ئاساس سالدى.

ئۆگىنىپ پىكىر يۈرگۈزمىگەندە قايمۇقۇش بولىدۇ، پىكىر يۈرگۈزۈپ ئۆگەنمىگەندە ھېچنېمىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. چۈشىنىپ ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشتە، جەزمەن ئۆگىنىش ئاساسىدا چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىشتە، ئالدىراقسانلىق قىلىشقا، ئىشنى باشلاپ قويۇپلا بولدى قىلىشقا بولمايدۇ، تەھلىل قىلمايلا قارىسىغا قوبۇل قىلىشقا، چالا ـ بۇلا بىلىشكە بولمايدۇ. پەقەت پىكىر يۈرگۈزۈشنى ئۆگىنىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرگەندىلا، بىز ئاندىن شەيئىلەرنىڭ ھادىسىسىنى بىلىش، شەيئىلەر ھادىسىسىنىڭ ماھىيىتىنى، پەيدا بولۇش سەۋەبىنى بىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەسىلىگە قارىتا چۈشىنىش، تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرالايمىز؛ ئاندىن بىرنى بىلىش ئارقىلىق باشقىلارنى بىلەلەيمىز، ئەتراپلىق ئىگىلەپ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىمىزنى كۈچەيتەلەيمىز. ئۆگىنىش جەريانىدا، مەركەزلىك ئۆگىنىش، تەتقىق ـ مۇھاكىمە قىلىش ۋە شەخسلەر ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش بىر ياخشى ئۇسۇل بولۇپ، كوللېكتىپ مۇھاكىمە قىلغاندا، ئالماشتۇرۇش، ئۇچرىشىش داۋامىدا ئۆزئارا ئىلھام بېرىپ، پىكىر يۈرگۈزۈشنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ؛ شەخسلەرنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشى كىشىنى ئېغىر ـ بېسىق بولىدىغان، ئىنچىكە تەتقىق قىلىدىغان، چوڭقۇر ئۆگىنىپ تولۇق ئۆزلەشتۈرىدىغان قىلىپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشنىڭ تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ يېڭى مەنزىلگە قەدەم تاشلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

نوقۇل كىتابتىن ئېلىنغان بىلىم مۇكەممەل بولمايدۇ، ئاساسىي چوڭقۇر چۈشىنىش ئۈچۈن، جەزمەن شەخسەن ئۆزى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش كېرەك. چۈشىنىپ ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشتىكى ئاچقۇچ —— نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە باغلاشتا. باش تېما تەربىيەسىدە، سۆزلەش بىلەن ئىشلەشنى ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ، ئۆگىنىش بىلەن قىلىش «ئىككى ياقلىملىق» بولسا بولمايدۇ. بىز مۇھىم، زور ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە ھەل قىلىشنى ئۆگىنىشنىڭ تۇتقۇچى قىلىشىمىز، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن كاللىمىزنى قوراللاندۇرۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭغا مۇجەسسەملەنگەن مەيدان، قاراش، ئۇسۇللارنى تەتبىقلاش ئارقىلىق مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىشىمىز، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىز كېرەك. شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇساپىسىدە، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇشتا قانداق قىلغاندا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يەڭگىلى بولىدۇ، قانداق قىلغاندا يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتقىلى بولىدۇ، قانداق قىلغاندا خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشىنى كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر ئورناتقىلى بولىدۇ... بۇ بىر قاتار مۇھىم، زور مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى بىزدىن ئۆگەنگەننى ئىشلىتىپ، بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە باغلاش جەريانىدا جاۋاب تېپىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

« چىراغ ئۆچۈرۈلسە، بىلىمگە ئىنتىلگۈچىگە ئاي ھەمراھ بولۇر.» شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چۈشىنىپ ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇشتا، بىز چوقۇم ئۆگىنىشتىن ئېرىشكەن خۇشاللىق ۋە بەختنى ھېس قىلالايمىز، شۇنداقلا چوقۇم ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىپ كاللىمىزنى قوراللاندۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇپ، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» جاراڭلىق قەسىمىمىزنى ئەمەلىيەتتە ياخشى كۆرسىتەلەيمىز.